# 1 مىليون 281 مىڭ يۇرۇش شەھەر - بازار كاپالەتلىك تۇرالغۇ نورمىدىن ئاشۇرۇپ پۈتكۈزۈلدى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، يانداش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىقىنى تىرىشىپ ياخشىلىدى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 1 مىليون 273 مىڭ 200 يۇرۇش شەھەر - بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىلانلانغانىدى، بۇ يىل 9 - ئايغىچە، 1 مىليون 281 مىڭ يۇرۇش شەھەر - بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئائىلىنىڭ «ئەمىن ئۆي ئارزۇسى» ئىشقا ئاشتى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز كاپالەتلىك تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىپ، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ قىيىنچىلىقىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئويلىنىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان كەسىپلەر، ئاساسىي قاتلام 1 - سەپكە مايىللاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكىنىڭ 60%نى ئىگىلىدى.

2018 - يىلىدىن ئىلگىرى، قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونىدىكى شەھەر ئاھالىسى گو شيەنچياۋ تۇرۇۋاتقان كونا ئۆي شياگياك يولى شياگياك 3 - رايونى تۆمۈر يولىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، تۇتاش ئۆزى سېلىۋالغان ئۆيلەر، قىستاڭ كوچا يوللىرى ۋە ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئەخلەتلەر ئانچە يىراق بولمىغان شەھەر مەركىزى بىلەن زادىلا ماسلاشمايتتى، سەپەرگە چىقىش قىيىن بولۇش، ئىسسىنىش قىيىن بولۇش، ئەخلەت تۆكۈش قىيىن بولۇش شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى ئىنتايىن بىئارام قىلاتتى. كونا شەھەر رايونى (كەپىلىك مەھەللە)نى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا، گو شيەنچياۋ ئائىلىسىدىكىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، ياغۇرلۇق كۈنلەردە سۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان، قىش پەسلىدە شامال ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئۆي بىلەن تەلتۆكۈس خوشلاشتى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر - بازارلاردىكى ئۆيى يوق تۆۋەن كاپالەت ئائىلىلىرىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تۆۋەن كىرىملىك، ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئوتتۇراھالدىن تۆۋەنرەك كىرىملىك، ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش تەرتىپلىك كېڭەيتىلدى، ئاساسىي قاتلام خىزمەت كۈچلىرىنىڭ ئوبوروت تىپىدىكى تۇرالغۇ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشتى، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئۆيى يوق ئىشچى - خىزمەتچىلەر، شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقان سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچى خادىملار قاتارلىق يېڭى شەھەر ئاھالىسى توپىنىڭ تۇرالغۇ كاپالىتى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، كاپالەت بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇھىت تازىلىقى، ئاممىۋى قاتناش قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايون چېقىشقا ماس كەلسە چېقىش، ئۆزگەرتىشكە ماس كەلسە ئۆزگەرتىش، سېلىشقا ماس كەلسە سېلىشتا چىڭ تۇردى. ھۆكۈمەت ئىجارە ئۆيى كاپالىتى جەھەتتە، مەركەزلەشتۈرۈپ سېلىش بىلەن يانداش تۇرۇپ سېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي بۇيۇم بېرىش بىلەن پۇل بېرىش تەدبىرىنى تەڭ قوللىنىپ، شەھەرلەردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلەردىن تۆجۈپلەپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، شەھەرنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، شەھەرلەرنىڭ مەينەت، قالايمىقان، ناچار قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.



□制图/新疆日报视觉中心 张 永

(بېشى 1 - بەتتە)

«كىچىكىمىزدىن باشلاپ ئادەم بولۇشنى، ئىرادە تىكلەشنى، ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىپ، تەننى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمىز!» بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراققا يۈزلىنىپ، ئۆسمۈرلەر، باللار بىرلىكتە بېغىشلىما سۆز ئوقۇدى. باللارنىڭ جاراڭلىق، ياڭراق ئاۋازى پىيونېرلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان چەكسىز قىزغىن مۇھەببىتى ۋە سەممىي تىلىكىنى ئىپادىلىدى.

بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشقان ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، قاتناشقۇچى، گۇۋاھچى، مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۈگۈنكى بۇ ئالاھىدە كۈندە دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، چەكسىز ئىپتىخارلاندۇق ۋە پەخىرلەندۇق، يەنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا بولغان گۈزەل تىلەكلىرىمىزنى، باش شۇجى شى جىنپىڭغا بولغان چىن ھۆرمىتىمىزنى ۋە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا بولغان قەتئىي ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى سەممىيلىك بىلەن ئىپادىلەيمىز. يېڭى دەۋر مۇساپىسىدە، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تولۇپ - تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى جان تىكىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل - پاراستىمىز ۋە كۈچىمىزنى بېغىشلايمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قۇراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئۈرۈمچى جەنۇبىي رايونى، بىڭتۈەن 12 - شىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.» 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كۆپچىلىكنى ھەسسىلەپ ئىلھاملاندۇردى. بۇ نازارەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر رۇڭ جۈن مۇنداق بىلدۈردى: سودا تارماقلىرى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش سۈپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ شاۋخۇا مۇنداق دېدى: قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ھەمكارلىقىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئەشيا ئوبوروتى تورىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنى ئوتتۇرا، غەربىي، جەنۇبىي ئاسىيا ھەم شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىگە يۈزلەنگەن ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى، خەلقئارا سودا مەركىزى ۋە سىرتقا يۈزلەنگەن كەسىپ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

بۆلتۈر، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 42.3% ئاشتى، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 8.9% ئاشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى پەرھات روزى مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

**ئاساسنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرىمىز تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىنى ئۆستۈرىمىز**

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭ سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سىجىل كۈچ بېغىشلايمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ نازىرى نىجات ئىسمايىل.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق بىلدۈردى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئاممىۋى سۈپەت سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىمىز».

شىنجاڭ ئاۋكاڭ ئالاھىدە جابدۇقلار چەكلىك شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى يېڭى تېخنىكا كارخانىسى بولۇپ، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان ھاۋادا لەيلىتىپ يۆتكەش ئۈسكۈنىسى بازارغا سېلىنغاندىن بۇيان ئىنتايىن «قارشى ئېلىنىش»قا ئېرىشتى. شىركەت باش دىرېكتورى ليۇ خۇڭبو ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق غەيرىتىمىز تېخىمۇ تولۇپ تاشتى. بىز چوقۇم پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كارخانىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز».

خوتەن ناھىيەسى باغچى بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ بۇچيەن مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم، سىجىل ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

**ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلايمىز**

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى بەرپا قىلىش خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋاڭ گاڭ مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي تەۋرەنمەي «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چۆللىشىشنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، سىستېمىلىق تۈزەش، مەنبەدىن تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، ئۇنسۇ ناھىيەسى كۆكيار بازىرى كۆزلۈك كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلماقتا. بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ليۇ جيې مۇنداق بىلدۈردى: بىز «كۆكيار روھى»نى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىز بېسىپ ئىشلەپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك.

«بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، تەبىئىي بايلىقنى خورىتىش، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈشنى بەدەل قىلىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلاپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرىمىز» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ۋىلايەتلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جېڭ خۇڭچۈەن.

**(مۇخبىر لى چۈنشيا، قاتناشقان مۇخبىرلار خېي خۇڭۋېي، شى شىن، خەن چىنيەن، ما يىنىڭ، جاۋ يۈ، پەرزات ئابدۇل، ليۇ دۇڭلەي، جاڭ جىلى، جاڭ تىڭ، رېن خۇا، ئىختىيارىي مۇخبىر خۇ جۈنشيۇ)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)